## 97276 ـ ئاياللار ئوقۇغان قۇرئان تېلاۋىتىنى تىڭشاش توغرىسىدا

### سۇئال

بەزى ئىسلام دۆلەتلىرىدە ئۆتكۈزىدىغان قۇرئان مۇسابىقىسىدا ئاياللارنىڭ ئوقۇغان تېلاۋىتىنى تىڭشاشنىڭ ھۆكمى نېمە؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بۇنىڭدا ھېچگەپ يوق، ئاياللار ئايرىم ئورۇندا ۋە ئەرلەر ئايرىم ئورۇندا ئولتۇرۇپ، مۇسابىقە مەيدانىدا بىر ـ بىرىگە ئارىلاشماستىن، ئاياللار ھىجاپ بىلەن ئەرلەردىن يىراق تۇرغان بولسا بولىدۇ.

ئەمما تىلاۋەتنى تىڭشاش مەسىلىسىگە كەلسەك، تىلاۋەتتىن پايدىلىنىش، ئاللاھنىڭ كالامىنى تەپەككۇر قىلىش ئۈچۈن تىڭشىسا بولىدۇ، ئەمما ئاياللارنىڭ ئاۋازىدىن ھوزۇرلىنىش ئۈچۈن بولسا توغرا بولمايدۇ، يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، قۇرئان كەرىمدىن پايدىلىنىش، ئاللاھنىڭ كالامىدىن ھوزۇر ئېلىش مەقسىدىدە تىڭشىسا، ئاللاھ خالىسا توغرا بولىدۇ. [شەيخ ئابدۇلئەزىز ئىبنى بازنىڭ نۇرۇن ئەلەددەربى پەتىۋاسى 2-توم 100-بەت].